# هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 1 ـ بەتتە)

— تەرەققىيات يېڭى قۇۋۋەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە زور بىر تۈركۈم نەتىجىلەر قولغا كەلدى. يېڭى گۈللەنگەن كەسىپلەر داۋاملىق زورايدى، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسى تېز ئۆستى. ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، كۈنىگە ساپ كۆپەيگەن كارخانا 10 مىڭدىن ئاشتى.

— ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە مۇھىم قەدەم تاشلاندى. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى، مۇھىم ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. 2 تىرىليون 360 مىليارد يۈەن ھېسابىدا باج كېمەيتىلىپ ـ ھەق تۆۋەنلىتىلىپ، ئەسلى بەلگىلەنگەن ئاز كەم 2 تىرىليون يۈەنلىك كۆلەمدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭدىن ياسىمىچىلىق ۋە كىچىك ـ مىكرو كارخانىلار ئەڭ كۆپ نەپ ئالدى. ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى تاماملاندى. «ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى. پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بازىرى تەسىس قىلىندى. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىشتا يېڭى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى تۈزۈپ چىقىلدى، شاڭخەي ئەركىن سودا رايونىدا يېڭى بۆلەك رايون كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. تاشقى سودا ۋە تاشقى مەبلەغنىڭ مۇقىملىقى ساقلاندى.

— ئۈچ چوڭ جەڭدە ئاچقۇچلۇق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىندى. يېزىلاردا 11 مىليون 90 مىڭ نامرات ئاھالە ئازايتىلىپ، نامراتلىنىش نىسبىتى 0.6% كە چۈشۈرۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئىشى سىجىل ئالغا سۈرۈلدى، ئاساسلىق بۇلغىما چىقىرىش مىقدارى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاندى. پۇل مۇئامىلە ھەرىكىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى.

— خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى. ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 30 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئاساسىي كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى قاتارلىق كاپالەت سەۋىيەسى ئۆستى. شەھەر ـ بازارلارنىڭ كاپالەتلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى ۋە يېزىلاردا خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى. مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى ئاز كەم 40% كۆپەيدى، ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرگە 1 مىليون ئوقۇغۇچى كۆپەيتىپ قوبۇل قىلىندى.

بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدۇق، بۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

بىز پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باشتېمىلىق تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت خاھىش»نى سىجىل تۈزىتىپ، ئاساسىي قاتلامغا ئازادە مۇھىت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتتۇق.

جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ ئاساسىي سەھنىلىك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق، رەئىس شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە زىيارەتكە چىقتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلەر يىغىنى، كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى، ئاسىيا ھەمكارلىق ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى باشلىقلار يىغىنى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلار يىغىنى، شەرقىي ئاسىيا ھەمكارلىقى بويىچە رەھبەرلەرنىڭ يۈرۈشلۈك يىغىنى، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئەللىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى، جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى قاتارلىق مۇھىم پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. دۇنياۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدۇق. ئىقتىساد دىپلوماتىيەسى، ئادەمىيەت ئالاقىسىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. جۇڭگو دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ۋەكىللەر!

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كۆرۈلگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ھەممىدىن مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەركەز يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى يېتەكچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، گوۋۇيۈەن بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش ـ بىرلەشمە تىزگىنلەش مېخانىزمى بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، جايلار ۋە تارماقلار مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بويىچە خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي ئۇرۇش ۋە توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشى قانات يايدۇرۇلدى. كەڭ تېببىي خادىملار جاسارەت بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالدى، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ماسلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلدى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئاخبارات خادىملىرى ۋە پىدائىيلار خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى، تېز يوللانما خادىملىرى، مۇھىت ئاسراش خادىملىرى ۋە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى، توشۇغۇچى خادىملار جاپا ـ مۇشەققەتتىن باش تارتمىدى، يۈز مىليونلىغان ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەر ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشتى، ۋۇخەن خەلقى ۋە خۇبېي خەلقى ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمىدى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى. جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھەيۋەتلىك قورغىنىنى ھاسىل قىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش داۋامىدا، بىز ئىرادىنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش، دەل جايىدا تەدبىر كۆرۈش ئومۇمىي تەلەپ بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا ۋە ئىنچىكە ئىشلىدۇق. جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا قارىتا A تۈردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكنى باشقۇرۇش تەدبىرىنى يولغا قويدۇق، جايلار زور تاسادىپىي ئاممىۋى ساغلاملىق ۋەقەسى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ھەرىكەتكە كېلىش تەدبىرىنى يولغا قويدى. ۋۇخەن ۋە خۇبېينى قوغداش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھەل قىلغۇچ نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، قاتتىق باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى كەسكىنلىك بىلەن يولغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمىنى ئىشقا سېلىپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق داۋالاش خادىمىنى تېزلىكتە ياردەمگە ئەۋەتىپ، خوشېنشەن دوختۇرخانىسى، لېيشېنشەن دوختۇرخانىسى ۋە چاسا بۆلمىلىك دوختۇرخانىنى قۇرۇپ، دوختۇرخانا كارىۋاتلىرىنى تېز كۆپەيتىپ، داۋالاش ئەشيالىرىغا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىپ، داۋالاش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە، «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، بىمارلارنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن داۋالاپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئۆلۈش نىسبىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتۇق. مەملىكەت بويىچە چاغانلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئوقۇش باشلاش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى جانلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ۋاقىت سۈرۈپ سەپەرگە چىقىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئاممىۋى مۇداپىئە كۆرۈش ـ ئاممىۋى تىزگىنلەشتە، «تۆتتە بالدۇر بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇم مەنبەسىنى قەتئىي تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ يامراپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توستۇق. دورا، ۋاكسىنا ۋە تەكشۈرۈش دورىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەشنى كۈچەيتتۇق. داۋالاش ئەشيالىرى ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن كېڭەيتىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور ھەجىمدە ئاشۇردۇق. تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، غول قاتناش لىنىيەلىرىنىڭ راۋانلىقى ۋە كۆمۈر، ئېلېكتر، نېفىت، گاز تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. يۇقۇم ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى مۇۋاپىق پەيتتە ئىلگىرى سۈردۇق. يۇقۇمنىڭ چېگرا سىرتىدا يامراپ كېتىش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ چېگرا سىرتىدىن كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى ۋاقتىدا بەرپا قىلدۇق، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا سىرتىدىكى پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە كۆيۈنۈشنى كۈچەيتتۇق. خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاشكارا بولۇش، ئوچۇق بولۇش، مەسئۇلىيەتچان بولۇش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، يۇقۇم ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەڭ بەھرلىنىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، يۇقۇمغا بىرلىكتە تاقابىل تۇردۇق.

1 مىليارد 400 مىليون ئاھالىسى بار تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقۇمنى بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن ۋە مۈشكۈل ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەلمۇ تۆلىدۇق، 1 ـ پەسىلدە ئىقتىسادتا مەنپىي ئېشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى زەربىگە ئۇچرىدى، شۇنداقتىمۇ ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدۇق، بۇ، بىز جەزمەن چىداشلىق بەرمىسەك بولمايدىغان شۇنداقلا تۆلەشكە ئەرزىيدىغان بەدەل. بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، سەككىز جەھەتتە 90 تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرىنى يولغا قويدۇق، بىر قىسىم باج ۋە ھەقنى كېمەيتتۇق ـ كەچۈرۈم قىلدۇق، ھەق ئېلىنىدىغان بارلىق تاشيوللاردىن ئېلىنىدىغان قاتناش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدۇق، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتۇق، ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز تارقاتتۇق. يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ زايوم نورمىسىنى رەسمىيەت بويىچە ئالدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بەردۇق. دېھقانچىلىق ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تۇتۇش قىلدۇق. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىنى بوشاشماي ئالغا سىلجىتتۇق. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكىلەرگە ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم پۇلى تارقاتتۇق، باھاغا قوشۇپ بېرىلىدىغان ۋاقىتلىق تولۇقلىما ئۆلچىمىنى بىر ھەسسە ئۆستۈردۇق. بۇ سىياسەتلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، تەمىناتنى كاپالەتلەندۈرۈش، باھانىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا، ئىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى، ئېلىمىز ئىقتىسادىي كۈچلۈك چىدامچانلىقنى ۋە غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارنى نامايان قىلدى.

ۋەكىللەر!

ئۆتكەن يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ۋە بۇ يىلقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەن گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا، خەلق تەشكىلاتلىرىغا ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلارغا، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلارغا، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن، ياردەم بەرگەن ھەرقايسى ئەللەر ھۆكۈمىتىگە، خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ۋە ھەرقايسى ئەللەردىكى دوستلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن!

نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. يەر شارى خاراكتېرلىك يۇقۇمنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن دۇنياۋى ئىقتىسادتا ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرىنىڭ ئايلىنىشى توسالغۇغا ئۇچرىدى، خەلقئارا سودا ۋە سېلىنما ئازىيىپ كەتتى، كۆپ مىقدارلىق تاۋارلار بازىرىدا داۋالغۇش كۆرۈلدى. مەملىكىتىمىزدە ئىستېمال، سېلىنما ۋە ئېكسپورت ئاجىزلاپ كەتتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى كۆرۈنەرلىك زورايدى، كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقى گەۋدىلەندى، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردە خەۋپ ـ خەتەر بىرئاز يىغىلىپ قالدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىم زىددىيىتى كەسكىنلەشتى. ھۆكۈمەت خىزمىتىدە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىق ھېلىھەم بىرقەدەر گەۋدىلىك، ئاز ساندىكى كادىرلاردا مەسئۇلىيەتنى دادىل ئۈستىگە ئالماسلىق، ئىش قىلماسلىق، ئىش قىلىشنى بىلمەسلىك، ئىشنى قالايمىقان قىلىش ئەھۋالى مەۋجۇت. بەزى ساھەلەردە چىرىكلىك مەسىلىسى كۆپ يۈز بېرىۋاتىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش داۋامىدا، ئاممىۋى ساغلاملىق، جىددىي ۋەقەلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرمۇنچە ئاجىز ھالقىلار ئاشكارىلاندى، ئاممىنىڭ بىز ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بەزى پىكىر ـ تەكلىپلىرىمۇ بار. بىز چوقۇم تىرىشىپ خىزمەتلىرىمىزنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى ھەققىي ئادا قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

## 2. بۇ يىللىق ئاساسلىق تەرەققىيات نىشانى ۋە كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى

بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تاكتىكىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ جەڭنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا، بازار سۇبيېكتىغا، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە، كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا، ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندىلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى مىسلىسىز خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ، لېكىن بىز ئۆزگىچە سىياسىي ئەۋزەللىككە ۋە تۈزۈم ئەۋزەللىكىگە، كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئاساسقا، غايەت زور بازار يوشۇرۇن كۈچىگە، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئىگىمىز. خىرىسقا دادىل يۈزلىنىپ، تەرەققىيات ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىنى قوغداپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىدىغانلا بولساق، نۆۋەتتىكى قىيىن ئۆتكەلدىن چوقۇم بۆسۈپ ئۆتەلەيمىز، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ئۈمىدكە تولىدۇ.

ۋەزىيەت ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ھۆكۈم قىلىپ، يۇقۇم يۈزبېرىشتىن ئىلگىرى ئويلاشقان كۆزلىمە نىشاننى مۇۋاپىق تەڭشىدۇق. بۇ يىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىمىز؛ شەھەر ـ بازارلاردا 9 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەر ـ بازارلاردا ئېنىقلانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 6% ئەتراپىدا، شەھەر ـ بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئەتراپىدا تىزگىنلەيمىز؛ ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىنى 3.5% ئەتراپىدا تىزگىنلەيمىز؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرىمىز؛ ئاھالە كىرىمىنى ئاساسەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن ماس قەدەمدە ئاشۇرىمىز؛ ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلايمىز؛ زور پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىمىز ۋە ئۇنى تىزگىنلەيمىز؛ بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ۋە ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ چىقىرىلىش مىقدارىنى داۋاملىق ئازايتىپ، 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنلايمىز.

ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بىز ئىقتىسادنىڭ پۈتۈن يىللىق ئېشىش سۈرئىتى توغرىسىدا كونكرېت نىشاننى ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، يەر شارى خاراكتېرلىك يۇقۇمدا ۋە ئىقتىساد ـ سودا ۋەزىيىتىدە زور ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى پەرەز قىلىش قىيىن بولغان بەزى تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەرقايسى تەرەپلەرنى زېھىن ـ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشقا يېتەكلەشكە پايدىلىق. «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» بۇ يىللىق «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنىڭ كۈچەش نۇقتىسى. «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نىڭ تۆۋەن چېكىنى ساقلىغاندا، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ؛

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)